# رامـىزان روزىسىنىڭ پەزىلىتى

[ الأويغورية ـ ئۇيغۇرچە ـ  uyghur ]

ن. تەمكىنى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 ـ 1432

IslamHouse.com

# ﴿فضل صيام رمضان﴾

«باللغة الأويغورية»


ن. تمكيني

مراجعة: ن. تمكيني



حقوق الطبع والنشر لكل مسلم



2011 - 1432

IslamHouse.com

# رامىزان روزىسىنىڭ پەزىلىتى

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى جانابى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن.

ئىسلام دىنىدىكى بەش چوڭ پەرزنىڭ بىرى بولغان "روزا تۇتۇش" ئىبادىتى بولسا، ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى دىنلاردىمۇ پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن ئىبادەتلەردىن بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتى روھانىيەتنى پاكلاپ، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرىدىغان، سەۋرچانلىقنى يېتەكلەپ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىشقا ئادەتلەندۈرىدىغان، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەجرى بۈيۈك ئىبادەتلەردىندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى(يەنى تەقۋادارلىقنى ھاسىل قىلىشىڭلار ئۈچۈن) پەرز قىلىندى.» [سۈرە بەقەرە 183-ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: «ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۇرۇشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر.» [سۈرە بەقەرە 184-ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش يولىدا بەس-بەس بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلەرگە، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدىغان، ئاللاھتىن ئەيمىنىپ گۇناھ مەسىيەتتىن قول ئۈزىدىغان ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارنى جانابى ئاللاھ مەدھىيىلەيدۇ ۋە ئۇلارغا ناھايىتى بۈيۈك ئەجىر ۋە مەغپىرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت - ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت - ئىبادەت قىلغۇچى ئايالالارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئايالالارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئايالالارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئايالالارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئايالالارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئايالالارغا، نەپسىلىرىنى هارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسىلىرىنى هارامدىن ساقلىغۇچى ئايالالارغا، ئاللاھنى كۆپ زىكرى

قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.» [سۈرە ئەھزاب 35-ئايەت].

ئىنسان ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ روزا تۇتۇش ئارقىلىق قىيامەت كۈنىدىكى دەھشەتلىك ئازابلاردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق بىشارەت بېرىدۇ: «كىمكى ئاللاھ يولىدا بىركۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ بەندىسىنى دوزاختىن يەتمىش يىللىق مۇساپىدە يىراقلىقتا قىلىدۇ.» [بۇخارى رىۋايىتى].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، روزا قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن قوللىنىدىغان قالقاندۇر.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

روزا ئىبادىتى بولسا، جەننەتكە كىرىشتىكى تۇساقسىز داغدام يولدۇر. ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، يا رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىمگە سەۋەب بولىدىغان ئەمەلنى كۆرسىتىپ بەرسىلە دېسەم، رەسۇلۇللاھ: "روزا

تۇتقىن، ئىبادەتلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق"» دېدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مورىسىدىن، مېھمان كەلگەندىن باشقا ۋاقىتتا كۈندۈزى تۈتۈن چىققىنى كۆرۈنمەيتتى. [ئىبنى ھەببان رىۋايىتى].

جانابى ئاللاھ روزا تۇتقۇچىغا مەرھەمەت قىلىپ، جەننەت دەرۋازىلىرىدىن روزىدارغا ئىشىك خاسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ دەرۋازىدىن روزىداردىن باشقا ھېچكىشى كىرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە سەھلە ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى "رەييان" بولۇپ، قىيامەت كۈنى بۇ ئىشىكتىن روزىدارلارلا كىرىش سالاھىيىتىگە ئىگىدۇر، روزىدارلار كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئىشىك تاقىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ.» [بۇخارى رىۋايىتى].

يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان "رەييان" ئۇسسۇزلۇققا قېنىش، يەنى تەشنالىقنىڭ ئەكسى مەنىسى بولۇپ، بۇنى تەپەككۇر قىلغان كىشى، رامىزان ئېيىدىكى تەشنالىق بەدىلىگە ئاللاھ قىيامەت

كۈنىدە روزىدارغا مەرھەمەت قىلىدىغان ئۈسسۈزلۇقنىڭ نەقەدەر بۈيۈك مەرھەمەت ئىكەنلىكىنى، روزا تۇتماستىن رەبىنىڭ ئەمرىگە گەدەنكەشلىك قىلغان كاپىرلارنىڭ بۇ نېمەتتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. دوزاخ ئەھلى بىلەن جەننەت ئەھلىنىڭ بۇ ھەقتىكى دىئالوگلىرىنى قۇرئان كەرىمدە خەۋەر بېرىپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە: "سۇدىن ياكى ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىر ئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!" دەپ توۋلايدۇ، ئەھلى جەننەت ئۇلارغا (جاۋابەن): "ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان" دەيدۇ.» [سۈرە ئەئراف 50-ئايەت].

مۇسۇلمان شەرىئەتتە بۇيرۇلغان بارلىق ئەمەللەرنى ئىشلەشتە، نىيەتنىڭ خالىسلىقى، ئەمەلنىڭ سۈننەتكە ئۇيغۇن بولىشى ئۆلچەم قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، ياراتقۇچىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىش ئارقىلىق ئازابىدىن قۇتۇلۇش ۋە جەننىتىنى قازىنىش ئۈچۈن تىرىشىشى تەقەززا قىلىنىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى ئىشلار قەلبتە ئورۇنلىشىش بىلەن بىرگە، ئەمەلىيەتكە

ئايلانسا، ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ھەقىقى رولىنى جارى قىلدۇرغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلىپ، قىيامەتتە جەننەتكە رەيىيان ئىشىكىدىن كىرگۈچىلەر قاتارىدىن قىلىشىنى سورايمىز.